ئىسھاق باسىتى

# چوڭ پاتى ۋە كىچىك پاتى



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئىسھاق باستى

# چوڭ پاتى ۋە كىچىك پاتى

( ھېكايىلەر )



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

大帕提和小帕提:维吾尔文/依沙克著. —乌鲁木齐:
新疆青少年出版社，2008.9
ISBN978— 7—5371—6028—5

Ⅰ.大… Ⅱ.依… Ⅲ.短篇小说—作品集—中国—当代—
维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 141068 号

责任编辑：艾尼瓦尔·艾山
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

大帕提和小帕提（维吾尔文）
（短篇小说集）
依沙克·巴斯提 著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049）
新疆新华书店发行
新疆翼百丰印务有限公司印刷
850×1168毫米 32开 6.375印张
2008年9月第1版 2008年9月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN978—7—5371—6028—5 定价：11.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەنۋەر ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى : دىليار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : غالىب شاھ

# چوڭ پاتى ۋە كىچىك پاتى

(ھېكايىلەر)

ئاپتورى : ئىسھاق باستى

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇ ، پ : 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىبەيفېڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى :1168×850مم ، 32 كەسلەم ، باسما تاۋىقى : 6.375
2008 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN978—7—5371—6028—5
سانى : 1—3000
باھاسى : 11.00 يۈەن

بېسىلىشتا ، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ ، تېگىشىپ بېرىمىز

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە


گۈل - چېچەك كەلدى يەنە ...... 1

يېڭى يىل پاراڭلىرى ...... 8

دەرد كەلدى بۇ بېشىمغا ...... 26

ئاغىنەمنىڭ باشلىقى ...... 48

چوڭ پاتى ۋە كىچىك پاتى ...... 65

مەن كىمدىن يامانلايمەن ...... 87

مەخسۇم ...... 101

تەكەببۇر ئەيلىمە ھەرگىز ...... 109

ھاراق ئىچىدۇ دەيدۇ ...... 126

سېلىم ھاجى ...... 133

يىللار ...... 137

ئىككى جۈپ كۆز ...... 142

سەپەر ئالدىدا ...... 145

كۆزەينەك تاقىمايدىغان ئادەم ...... 156

ياغاچ پىچاق — ئون بېشى ...... 166

ھەر كاللىدا بىر خىيال ...... 173

يەر قاتتىق ...... 176

نادامەت ...... 180

ئىت توسۇش ...... 181

كىچىككىنە ئەسلىمە ...... 186

# گۈل ـ چېچەك كەلدى يەنە

ھويلىمىزدىكى ئۆرۈك راسا چېچەك ئاچقان بىر يەكشەنبە كۈنى تاغام بىلەن نىياز ئىشىك ئالدىمىزغا كېلىپ ماشىنىسىنى توختاتتى.

مەن ئىدارىمىزنىڭ مەمۇرىي ئىشلار كاتىپى بولغاچقا ئىدارىمىزنىڭ كىچىك ماشىنىسى بىلەن يۈك ماشىنىسىنى باشقۇراتتىم. يۈزدىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىسى، چوڭ ـ كىچىك ئون نەچچە باشلىق بار بۇ چوڭ ئورگاندىكى يالغۇز بىرلا كىچىك ماشىنا ھېچقايسى باشلىقنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمىغاچقا، ئالاھىدە ۋەزىپىسى بولمىسا، كۆپىنچە ھاللاردا ئىدارىنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرىغا يۈگۈرەتتى. بۇ ماشىنىنى يېشى بىزدىن چوڭ، خۇش چاقچاق ئوسمان ئىسىملىك كىشى ھەيدەيتتى. نېمە ئۈچۈنكى، ھەممەيلەن ئۇنى «تاغام» دەپ چاقىرىشقا ئادەتلىنىپ قالغان. بۇ ئادەم بۇرۇن ھەربىي رايوندا گېنېرالغىمۇ ماشىنا ھەيدىگەنىكەن، رۇسچىنىمۇ راۋان سۆزلەيتتى. سەل ـ پەل قىزىۋالغان كۈنلىرى مەن بىلەن بىرنەچچە ئېغىز رۇسچە سۆزلىشەتتى. نىياز بولسا يۈك ماشىنىدا كۆمۈر، قىشلىق سەي ـ كۆكتات دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەرنى توشۇيتتى. باشقىلارغا يېتىشەلمىگەن كىچىك ماشىنا بەزىدە ئۆزىمىزنىڭ ئۆيۈن ـ تاماشىمىزغا ئىشلىنەتتى.

— پاھ! پاھ! نېمىدېگەن چىرايلىق كۈن بۇ؟ مۇشۇنداق كۈندىمۇ ئۆيدە ئولتۇرامدىكىنە بۇ بالا؟ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! قانداق مەريەم بۇۋى، ئەھۋالىڭىز؟ ھە، چاتاقچى ئوغۇل چوڭ بوپقالدىمۇ؟ — تاغام قورۇغا سۆزلەپلا كىرىپ كەلدى.

— ياخشى ، خۇداغا شۈكرى ، قېنى ، ئۆيگە كىرسىلە ، — دېدى ئايالىم .

تاغام «بولدى» دەپ قويۇپ ئەمدىلا پېشايۋان سۇپىسىغا ئولتۇرۇشىغا ، نىيازمۇ كۈلۈمسىرەپ كىرىپ سالاملاشتى .

— قېنى قوپمامسىز ، ئۇكا ، — دېدى تاغام .

— نەگە ؟

— ئۆيدە ئىش - كۈشلىرىڭىز يوقتۇ ؟ يا نان يېقىپ ، كىر يۇيامسىز ؟

— ئۆتكەندە بىر كەلسەم ، بۇ ئاداش كالا تېزىكىدە لاي ئېتىپ ئوچاق بېشىنى سۇۋاۋاتقانىكەن ، بۈگۈنمۇ ... — كۈلدى نىياز .

ئايالىم «چاي دەملەي» دېۋىدى ، ئۇلار زادىلا ئۇنىمىدى . مەن كىيىملىرىمنى ئالماشتۇردۇم . قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ كىچىككىنە باغچىنى چۆرگىلەپ چېچەكلەرنى تاماشا قىلىۋاتقان تاغام :

— پاھ ! مۇنۇ ئۆرۈك راسا چېچەكلەپتۇ - دە ... ئاۋۇ چايخانىنىڭ يېنىدىكى قېرى ئالمىنى چىقىرىۋېتىپ ئورنىغا شاپتۇل تىكىڭ ... بۇ ئالگرات دېگەن نەرسە ياخشى بولىدىكەن . بىراق تولا قۇرت چۈشىدۇ . ھەببەللى ، مۇنۇ ئەتىرگۈللەر تازا ئاينىيدۇ ... قورۇ دېگەنگە ئوبدان ئىشلىمىسە بولمايدۇ ، — دېدى .

— بۇ غوجام قورۇغا ئىشلىسە ئويۇن - تاماشىنى كىم قىلىدۇ دەيسىز ، تاغا ؟ — دېدى ئايالىم كۈلۈمسىرەپ .

— چىڭ باشقۇرۇڭ ، — دېدى تاغام ، — قېنى ، ياسىنىپ - تارنىپ ، ئوسما قويۇپ بولغان بولسىڭىز چاپسانراق ماڭايلى !

ئايالىم كۈلۈپ كەتتى . ماشىنىغا چىقتۇق . ماشىنىدا تاغامنىڭ ئوغلى بىلەن نىيازنىڭ ئوغلى بار ئىكەن .

— ۋۈي ، ئىنىقباي قازاققۇ بۇ ! — دېدىم تاغامنىڭ ئوغلى-
نىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ ، — پاھ ! ماۋۇ رىزا پوچىمۇ نېمە ؟
ھە ! يەنە باللار بىلەن سوقۇشۇپ يۈرۈۋاتامسەن ؟

باللار تارتىنىپ بېشىنى يەرگە ئېگىشتۇردى .

دەسلەپ تونۇشقىنىمىزدا تاغامنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى مېنى
ھەيران قالدۇرغان . كېيىن ئۇقسام ، 1964 ـ يىلى تاغامنىڭ
ئايالى غۇلجا ناھىيىسىدىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا مۇشۇ
ئوغلىنى تۇغۇپتۇ . شۇ يىلى بۇ ناھىيىدە «سوتسىيالىستىك تە-
لىم- تەربىيە» ، «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى نۇقتىلىق ئېلىپ
بېرىلىۋاتقاچقا ئىسمىنى «ئىنىقباي» قويغانىكەن .

رىزا — نىيازنىڭ ئوغلى . ئىنىقبايدىن ئىككى ياش كىچىك .
ھەر ئىككىسى بىر قورۇدا بىللە ئويناپ ، باشلانغۇچ مەكتەپتە
بىللە ئوقۇيتتى .

قايناق بازارغا كەلگەندە «ئازراق يېگۈدەك بىر نەرسە ئېلى-
ۋالامىزمۇ ؟» دېسەم ، تاغام گەپ قىلماي ماشىنىسىنى ھەيدە-
ۋەردى ، نىياز ماڭا قاراپ : «خاتىرجەم بول !» دېگەندەك قىلىپ
كۆزىنى قىسىپ قويدى .

ماشىنا شەھەر مەركىزىدىن ئايرىلىپ ، دەريا بويىغا قاراپ
ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى . يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى پاكار ـ
پاكار ئۆيلەر ئاپئاق چېچەكلەر ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالغاندى .

سۇيى قىرغىقى بىلەن تەڭ دېگۈدەك كۆۋەجەپ ئاقىدىغان
دەريا بويىدىكى يېشىل چىملىققا كېلىپ ئولتۇردۇق . تاغام ئالدى-
رىماي سۇلياۋ داستىخاننى چىملىققا يايدى ، ئاندىن ئارقا ـ ئارقى-
دىن پىشۇرۇلغان قوينىڭ كاللىسى ، بىر پارچە قېرىن ، ئىككى
بوتۇلكا ئاق ھاراق ، بەش بوتۇلكا يەرلىك پىۋا ، يېرىم كىلودەك
پىشلىق گۆش ، تۆت تال قۇرۇت ، بەش گىردە نان ··· دېگەندەك
نەرسىلەرنى رەتلىك تىزىپ كىچىككىنە داستىخاننىڭ يۈزىنى كۆر-
گۈسىز قىلىۋەتتى .

— تاغام بۈگۈن تازىمۇ چىقىمدار بوپتىغۇ ، — دېدىم .

— يەيمىز ، ئىچىمىز ، ئوينايمىز ، ئۇكا !

— سىز ئۇقمايسىز ، — دېدى نىياز ، — تاغام تۈنۈگۈن بۇغا ئېتىۋالدى .

ھەيران بولۇپ نىيازغا قارىدىم ، ئۇ چۈشەندۈردى :

— «تاغامنىڭ قورۇسىدىكى ئىككى ئېغىز ئۆينى ئۆزگەرتتۇق» دەپ ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسى ياغاچ - تاشلىرىنى ئېلىپ كەتكەن ئەمەسمۇ ، يېقىندا بۇ ئىش ئېنىقلىنىپ خاتالىقنى تۈزەتتى ، يەر ئورنى تاغامغا قالدى . ياغاچ - تاشلىرى ئۈچۈن 600 يۈەن نەق پۇل بېرىپتۇ . «بۇغا ئېتىۋالدى» دېگىنىمىز شۇ گەپ .

ھاراقنىڭ ئاغزى ئېچىلدى . سالقىن ھاۋا ، چىرايلىق مەنزىرە ، سەرخىل زاكۇسكا... ئىچكەنسېرى ھاراق كەيپىمىزنى كۆتۈرمەكتە . باللار ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ ئوينايتتى ، ئاردلاپ كېلىپ داستىخاندىن بىر - ئىككى تال يېمەكلىكنى چوقۇلۇۋېلىپ ، يەنە ئويۇنغا كىرىشىپ كېتەتتى . تاغام ئىچكەنسېرى سۆزمەنلەشتى . نېمە ئۈچۈنكى ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى بار ئىدى . ئەمما ، ماۋۇ نىياز ھە دېسىلا ماشىنىنىڭ گېپىنى قىلىپ تاغامغا يول بەرمەيۋاتاتتى .

— بولدىلا ، ئاداش ! ماشىنىنىڭ كاربوراتورى ، ئاككۇمۇلياتورى دەپ كېكەچلەپ ، ئادەمنى بىئارام قىلماي باشقا گەپ قىلساڭچۇ ! — دېدىم ئاخىرى ئۆزۈمنى تۇتالماي .

— توغرا ، — دېدى تاغام قەلەمتىراچ بىلەن يۇمشاق قورۇتنى پارچىلاۋېتىپ ، — ناخشا ئېيتايلى . ئېيتىڭە ، ئۇكام ، ھېلىقى «ئاق بوز ئاتىم» دېگەن ناخشىڭىزنى ، قالتىس ناخشا جۇمۇڭ ، نەق يۈرەككە تېگىدۇ . ئىچىۋاتقىنىمىز ھاراقمۇ نېمە ؟ سۇدەكلا ئۆتۈپ كېتىۋاتىدىغۇ دەيمىنا ، مانا سىزگە تولدۇرۇپ بىرنى قۇيدۇم .

— بولدى ، تاغا ، ئاخىرىدا ئىچەي .

— بولمايدۇ ! تاغىڭىز ھەرقانداق ھاراقنىڭ ئاخىرقى رومكىسىنى ھېچكىمگە بەرگەن ئەمەس . «تى پانياتنا پاروسكى ، ئاسلاتكا – سىلاتكا» (بىلىسىزغۇ ، رۇسلار ئاخىرقىسى تاتلىق بولىدۇ ، دېگەندى ) . قېنى ، كۆتۈرۈڭ . كېتەر جاھاننىڭ كارى . مانا قاراڭ ، مۇشۇ بالىلىرىمىزنىڭ بەخت – سائادىتىنى تىلەيلى . بىزغۇ تۈزۈكرەك ئوقۇيالمىغان تومپاي ئىشچى . مۇشۇ بالىلار بولسىمۇ ياخشى ئوقۇپ ، ياخشى ئادەم بولسۇن دەيمىز . ھەي ، رىزا ، ئىنىقباي ، مەيەرگە كېلىڭلار ! — بالىلار كەلگەندىن كېيىن تاغام سۆزىنى داۋام قىلدى ، — بۇنىڭدىن كېيىن مانا مۇشۇنداق ئىناق – ئېجىل ئۆتۈڭلار . سىلەر دېگەن ئاكا – ئۇكا ، بىز سىلەرگە ھەمىشە باقىۋەندە ئەمەس . بىزدىن كېيىن قالساڭلار بىر – بىرىڭلارغا يار – يۆلەكتە بولساڭلار ، كۆيۈنسەڭلار بىزنىڭمۇ روھىمىز خۇش بولىدۇ . قانداق دېدىم ؟

— توغرا ، — دېدى ئىنىقباي سەل تارتىنىپ ، رىزا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ قولىنى داستىخانغا ئۇزاتتى .

* * *

باش سوتچى ئالىقىنى بىلەن ئۇستەلنى بىرنى ئۇرۇپ سۆزلىدى :

— ھەي ! ماڭا قارىغىنا ، قانداق غەرەز ئۇقمايدىغان نىمىدىسەن ؟ بايىلا ئېيتقان ئىقرارىڭدىن يەنە تېنىۋالاي دەمسەن ؟ بىلىپ قوي ، بۇ سېنىڭ داداڭنىڭ ئۆيى ئەمەس ، سوت مەھكىمىسى جۇمۇ ! بىز سېنىڭ ئۇستۇڭدىن ئوچۇق سوت ئېلىپ بېرىۋاتىمىز . بىلدىڭمۇ ؟

— بىلدىم .

— ئوبدان بىلىدىكەنسەن ، ئەمىسە نېمىشقا گېپىڭدىن تانىسەن ؟



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

— مەن تانمىدىم ، ئۆزىڭىز بايا ...

— توختا ! — سوتچى قاتتىق ۋارقىرىدى ، — گەپنى تولا يورغىلاتماي نەق يېرىنى سۆزلە ، ماشىنىنى زادى كىم ھەيدىدى ؟

— مەن ھەيدىدىم .

— تەپسىلىي سۆزلە .

— مەن دېسەم يەنە شۇ گەپ ، — دېدى جاۋابكار بېشىنى يەردىن كۆتۈرۈپ ، — شۇ كۈنى كەچتە ئەمدىلا ياتاي دەپ تۇرسام ، بىرى دەرۋازىنى قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى . يۈگۈرۈپ چىقسام نۇر-تاي ، راخمان ، غېنى ، شۆھرەتلەر ئىكەن .

— چۈشۈر قولۇڭنى ! — دېدى سوتچى ، — بېشىڭنى تىك كۆتۈرۈپ ، زۇۋانىڭنى چىك - چىك چىقىرىپ ، ئالدىرىماي ئېنىق سۆزلە . ماۋۇ كاتىپ يېزىۋاتىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، چىقساڭ نۇر-تاي ، راخمان ... ھە ، غېنى ... يەنە كىم ؟

— شۆھرەت .

— ھە ، شۆھرەت ، ئۇلار كەلدى ، ساڭا نېمە دېدى ؟

— چىقسام ئۇلار بىر كىچىك ماشىنىدا كەپتۇ . «يۈرە ، ئايلىنىپ كېلەيلى » دېدى .

— كىم دېدى شۇ گەپنى ؟

— غېنى دېدى .

— خوش ! سەن نېمە دېدىڭ ؟

— مەن «ئەتە ئەتىگەندە ئىشقا بارىمەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام ئاغرىق ، بالنىستتا ياتىدۇ ، ئاپام دادامغا قاراۋاتىدۇ » دېسەم-مۇ ، ئۇنىماستىن مېنى ماشىنىغا سۆرەشتۈرۈپ ئېلىپ چىقتى .

— توختا ، — دېدى سوتچى ، — سەن ئورۇنغا كىرىپ يېتىپ قالغان ئادەم ماشىنىغا يالىڭاچلا چىقتىڭمۇ ؟

تەنە ئارىلاش مەسخىرە سىرتتىن قاتناشقۇچىلار ئىچىدە يې-نىك كۈلكە قوزغىدى . باش سوتچى ئۆز «ماھىر »لىقىدىن ھجد-يىپ قويدى .

جاۋابكار خورلۇق ئىچىدە جاۋاب بەردى :

— مەن سىزگە دېدىمغۇ ، تېخى ياتمىغان دەپ .

— قېنى سۆزلە .

— ئامال يوق ماشىنىغا چىقتىم . قارىسام ھەممىسىلا تەڭ- شىلىۋاپتۇ . غېنى ماڭا : «ئاداش ، ماشىنىنى سەن ھەيدە !» دېدى . «نەگە ؟» دېسەم ، «ئايلىنىپ كېلىمىز» دېدى .

— توختا ! — سوتچى ۋارقىرىدى ، — «بۇ ماشىنا كىمنىڭ ؟ بۇنى نەدىن ئالدىڭلار ؟ ئوغرىلانغان ماشىنىمۇ ؟» دەپ سورىمايلا ، خەق ھەيدە دېسە ھەيدەيدىغان داداڭنىڭ ئېشەك ھارۋىسىمۇ ئۇ ؟ شۇنداق قىلىپ ماشىنىنى ھەيدەپ ئايلانمىغا كەلگەندە تامغا سوقۇ- ۋەتتىڭ شۇنداقمۇ ؟ سەن كىچىك بالىمۇ ؟ دەپباقە ، بايا ئۆزۈڭنى قانچە ياش دېدىڭ ؟

— ئوتتۇز ئىككى ياش ، — دېدى جاۋابكار .

سوتنىڭ ئاخىرىغىچە ئولتۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى . باشقىلار قىلغان ئىشنىڭ شورىدىن مۇنۇ ياۋاش جاۋابكار جازاغا تارتىلىدى- غاندەك تۇرىدۇ . باش سوتچى بولغان ئادەممۇ مۇشۇنداق قاپقارى- سىغا ھۆكۈم چىقىرارمۇ ؟ ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ساپ ھاۋاغا چىقتىم . بۇ راسا تەبىئەت گۈل - چېچەككە پۈركىنىپ قۇشلار تىنماي چۇرۇقلىشىۋاتقان پەسىل ئىدى .

راست مۇھىم بىر گەپنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن . باش سوتچى — رىزا ، جاۋابكار ئىنىقباي ئىدى .

1998 - يىل ، غۇلجا

# يېڭى يىل پاراڭلىرى

## 1

ھەممىسى بىر دەكلا تاشلانمىغان ئاق جۇۋا ، پۇتىغا ئاق پىيما
كىيگەن ئوتتۇز نەچچە ئوغۇل ـ قىزلارنى ماناسنىڭ شىمالىغا
جايلاشقان باغۋەنچىلىك ئەترىتىگە ئېلىپ كەلدى . بۇلار بۇ يىل
ئوقۇش پۈتتۈرۈش ھارپىسىدا تۇرغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىـ
ـرى بولۇپ ، بۇ يەردە خەنزۇ تىلىدىن پراكتىكا ئېلىپ بارماقچى .
بۇ دەل دەسلەپكى قار چۈشكەن مەزگىل ئىدى . چىللە كىرىـ
ـشى بىلەنلا ھاۋا تېخىمۇ سوغۇق بولۇپ كەتتى . ستودېنتلار ئايـ
ـرىم ـ ئايرىم ، بەزىلىرى ئىككىدىن بولۇپ ، شۇ يەرلىك دېھقانـ
ـلارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپۇپ ، تاماقنى كوللېكتىپ ئاشخانىـ
ـدىن يەيتتى . ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاسىڭخۇا ، ئەي پىڭ ، تۇ چىڭفۇ
دېگەندەك خەنزۇچە ئىسىملارنى قويۇۋالدى . بەزىبىر ئەدەبىياتقا
قىزىقىدىغان ئوقۇغۇچىلار مەشھۇر كلاسسىكلاردىن لى بەي ، دۇـ
ـفۇ ، سىماچيەن دېگەن ئىسىملارنىمۇ قويۇۋالغانىدى . كېيىنرەك
تىل ئۆگىنىشكە تېخىمۇ قۇلايلىق بولسۇن دېدىمۇ ياكى باشقا
سەۋەبمۇ ، ئىشقىلىپ ، بالىلارنى ئىككى ـ ئۈچتىن بىر گۇرۇپپا
قىلىپ يىراق ـ يېقىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە ئەۋەتتۇەتـ
ـتى . ئەنە شۇلار ئىچىدىكى ئىككى نەپەر ئوغۇل بالىنى ئات
قوشۇلغان چانىدا تاغ باغرىغا جايلاشقان قىرىق نەچچە تۈتۈن خۇيـ
ـزۇلار ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلىق ئەترىتىگە ئەكېلىپ قويدى .
بۇ يەردە چوڭقۇر بىر ساي بولۇپ ، ئۇنىڭدىن سۈپسۈزۈك بۇلاق
سۈيى ئېقىپ تۇراتتى . زىلۋا بوي ، ئاق سېرىق يىگىتنىڭ ئىسمى

ئەسقەر بولۇپ ، بۇلار دېرىزىسىگە قەغەز چاپلانغان كالك ئوچاقلىق بىر ئېغىز ئۆيگە جايلاشتى . كەچقۇرۇنلۇقى مال ئايىغىدىن ئاشقان چاۋار - چاتقاللار بىلەن كاڭنى راسا قىزىتىپ ئۇخلاپ قالاتتى . بۇ يىل قار قېلىن بولغاچقا ئىنتايىن سوغۇق ، هاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئاپئاق قارلىق چوققىلار كۆك ئاسمان قوينىدا ئاجايىپ ھەيۋەت كۆرۈنەتتى . ئۇلار ئەتىگەندە ئەزالار بىلەن ئوخشاشلا بىر قاچىدىن قوناق ئۇمىچى ئىچىپ ئىشقا ماڭاتتى . يا ئۆكۈز ھارۋى-سى بىلەن ئورۇلغان قومۇشلارنى توشۇيتتى يا ئاشخانىغا بۇلاقتىن سۇ توشۇيتتى . ئاشخانا زاپخوزى بويى پاكار ، كۆزى ئەلەس بولۇ-شىغا قارىماي شالاك ساقاللىرىنى ئۇزۇن قويۇۋەتكەچكە ، ئەسقەر ئۇنى تۇنجى كۆرگەندىلا كۈلكىسى قىستاپ ، ئۇنىڭغا «ساقاللىق شەيتان» لەقىمىنى قويۇۋالغانىدى . پۈتۈن ئەترەت بويىچە مۇشۇ «ساقاللىق شەيتان»لا ئۇيغۇرچىنى يامىداپ سۆزلىگەچكە ، كۆ-پىنچە بۇلار بىلەن ئۇيغۇرچە پاراڭلىشاتتى . چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت - بەشلەردە يەنە بىر قاچا ئۇماچ بېرىلەتتى . ئەسقەر رومانتىك يىگىت بولغاچقا ، گېزىت قەغىزىگە ئورالغان موخوركى-سىنى چەككەچ سۇزۇك بۇلاق سۈيىگە ، ھەيۋەتلىك قارلىق چوققى-لارغا ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ خىياللارغا كېتەتتى . بەزىدە ئىلھامى كەلسە شۇ يەردىلا نەزمە ئوقۇيتتى :

يەنە قارىسام كۆرۈنەتتى تاغ ،
ۋە ياتاتتى دۆڭلەر مۈكچىيىپ !

ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن ئاشقاندا قازاق دوستى قۇرمان ئەسقەرنى تۈرتۈپ ئويغاتتى :

— قوپە ھوي ، رومانتىك سارالۇ ، ئاخشىمى ئۇخلىماي يېرىم كېچىگىچە شېئىر يازىسەن ، تۇر ئورنۇڭدىن ، قارىغىنا ، قاتتىق شىۋىرغان بولۇۋاتىدۇ . بۈگۈن قانداق كۈن بىلەمسەن ؟ بۈگۈن

چېسلاغا 31 . ئەتە يېڭى يىل ، ئەگەر مەكتەپتە بولغان بولساق ، كېچىچە تانسا ئويناپ، ئويناپ، ئويناپ، ئويناپ، ئويناپ، قوپە !

— ئەجەبمۇ ئۇيقۇنى بۇزدۇڭا ، ئۆلگۇر قازاق ! — دېدى ئەسقەر كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ، — چۈشۈمدە نېمە كۆرۈۋاتاتتىم ، بىلەمسەن؟ ئاپامدىن بىر خالتا كەپتۇ دەيمەن ، ئىچىپ قارىسام قىپقىزىل پىشقان توقاچ ، ئەمدىلا ئوشتۇي دېيىشىمگە ئويغۇتۇۋەتتىڭ ...

قۇرمان كۇلۇپ كەتتى :

— «ئۆلگەن سارتنىڭ قويىنىدا بىر توقاچ » دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن ـ دە؟ مانا قاراپ تۇر ، خۇدايىم بۇيرۇسا ، ئەتە يېڭى يىل كىرىدۇ ، يېڭى بىر كۈن باشلىنىدۇ . مېنىڭچە ، يۇقىرىدىن بىرەر يېڭى سىياسەت كەلسە ، قورساقتىن غەم قىلمايتتۇق .

— مۇنداق يېڭى يىللاردىن يەنە نەچچىسى كېلىپ كېتەر ! ياپىرىم ! — ئەسقەر كۆچىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى . قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ بولۇپ ، كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى .

شۇ كۈنى شىۋىرغاندا قومۇش باسقان ھارۋا دۆڭدىن چۈشۈۋېتىپ ھارۋا ئۆرۈلگەندە بويىنىدىن زەخىملەنگەن ئورۇق ئۆكۈزنى سويۇۋالغانىكەن . بىر يىلدىن كۆپ ۋاقىت گۆش تېتىپ باقمىغان پۈتۈن كەنت ئەھلى خۇشاللىققا چۆمۈپ ، كۈننىڭ بالدۇرراق قايرىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى . ئەسقەرلەر ئىشتىن كەچرەك قايتىپ كەلگەندە ئاشخانىدا ئادەم قالمىغانىدى . «ساقاللىق شەيتان» ئۇلارغا قاراپ كۇلۇپ تۇرۇپ :

— ھەي ، ئەپەندى ، شۇنداق ياخشى زىياپەت بولدى ، سەن كېچىكتىڭمۇ؟ ھاراق ئىچەمدۇ؟ — دېدى .

— نېمە دەيدىغانسەن ، نەنىڭ ھارىقى؟

«ساقاللىق شەيتان» ئېڭىشىپ تامغا تىرەپ قويۇلغان ئۇستەل ئاستىدىن كىچىكرەك بىر كومزەكنى ئېلىپ چايقىغانىدى ، شالاقشىدى .

— ئۇزۇن بولدى، گۇڭشې باشلىقلار «جەنسا گوڭزۇ» قىلغاندا ئىچىپ ئاشتى هاراق، — ئۇ ئاخىرىنى خەنزۇچىلاپ چۈشۈرگەندىن كېيىن، — بىزدە هاراق ئىچمەيدۇ، — دېدى.

كومزەكتىن ئېچىغان هاراقنىڭ خۇشبۇي هىدى كېلەتتى. قۇرمان ئاۋايلاپ تۆكۈۋىدى، ئەسقەر تۇتۇپ تۇرغان كىچىك ئاپقۇر چىنىگە يېرىم هاراق قۇيۇلدى. ئىچى پۇشۇپ تۇرغان ئىككى ياش ستودېنت هاراقنى نۆۋەت بىلەن گۇپۇلدىتىپ ئىچىپ تۈگەتتى. ئاچ قورساققا كىرگەن ئۆتكۈر هاراق ئاشقازاننى لاۋۇلدىتىپ، كۆز ئالدىنى جىمىرلاتتى. ئازراق ماي قۇيۇپ مۇچ، يېسىۋىلەك-لەر بىلەن چالا قورۇلغان، ئورۇق كالا گۆشى سېلىنغان بىر ئاپقۇر گاڭپەن شۇنداق تېتىپ كەتتىكى، هەش - پەش دېگۇچىلا يەپ تۈگەتتى. يۈزلەر ئوت بولۇپ يېنىپ نەپەسلەر ئىتتىكلەشتى، چايدىن كېيىن هۇزۇرلىنىپ تاماكا چېكىشتى.

— پۇف ... ف ... ف ... — ئاغزىدىن قويۇق ئىس چىقاردى ئەسقەر، — پاھ، پاھ، پاھ! پۈتۈن بەدىنىم راهەتلىنىپ هاردۇق-مۇ چىقتى - دە ... بۇ بىر كاتتا زىياپەت بولدى جۇمۇ!

— ئەمىسە، «هەي گاڭپەن نېمانچە مەززىلىك» دەپ بىر شېئىر يېزىۋەتمەمسەن، رومانتىك.

— شېئىر دېگەنگۇ مۇشۇنداق هېسسىياتتىن چىقىدۇ، بىلەمسەن؟ بۇرە، ئەترەت ئىشخانىسىغا بېرىپ باللارغا تېلېفون بېرەيلى.

تالادا شىۋىرغان توختاپ ئاسمان ئېچىلغان، يۇلتۇزلار جۇلا-لىنىپ تۇرىدۇ، سوغۇق ئادەمنى زەهەردەك چاقىدۇ، ئاياغ ئاستىدىكى قار ئۆزگىچە «غاچ - غۇچ» ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئېغىزدىن چىققان تاماكا ئىسى سوغۇق هاۋادا خۇددى تۇرخۇندىن قويۇق ئىس چىققاندەك پۇرقىراپ چىقىدۇ. يوغان كىرسىن لامپا ئەترەت ئىشخانىسىنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ، مەشتە گۈركىرەپ ئوت كۆيمەك-تە. ئۇلار قول بىلەن ئايلاندۇرىدىغان تېلېفوننى خېلى غىژىلدات-



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com